# 60186 ـ ئېھرام جەريانىدا كىچىك بالىنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كىيىۋېلىش توغرىسىدا

**سۇئال**

ئۆمرە پائالىيىتى جەريانىدا ئېھرامنىڭ ئۈستىگە كىچىك بالىنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى كىيىۋالسا قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئېھراملىق ھالەتتە كىچىك بالىلارنى كۆتۈرىدىغان نەرسىنى ئېھرامنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالسا ھېچ گەپ بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئېھراملىق ھالەتتە كىيىش چەكلەنگەن كىيىملەرنىڭ ئۆزى ياكى ئۇنىڭ مەنىسىدىكى نەرسىلەردىن ئەمەس.

ئۇ سۇ تولدۇرۇلغان تۇلۇم ياكى يىمەكلىك سېلىنغان خالتا ياكى دۈمبىسىگە نەرسە ـ كېرەك تېڭىۋالىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ تۆردىكى نەرسىلەر ئېھراملىق ھالەتتە چەكلەنمەيدۇ.

ئېھراملىق ھالەتتە چەكلىنىدىغان كىيىملەر: كۆينەك، ئىشتان، تېشىغا كىيىدىغان دوپپىسى بار چاپان، سەللە، ئۆتۈك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇنىڭ دەلىلى: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلاردىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىزنى ئېھرامغا كىرگەندە قانداق كىيىملەرنى كىيىشكە بۇيرىلا؟دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئېھرامغا كىرگەندە كۆينەك، ئىشتان، سەللە، باش كىيىمى بار چاپان، ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى كەيمەڭلار، ئەگەر كىيىدىغان ئاياغ بولمىسا ھوشۇقنى ياپمايدىغان ئاياغ كىيسە بولىدۇ، سېرىق رەڭدە ۋە زەپە رەڭگىدە بويالغان كىيىملەرنى كەيمەڭلار» دېدى. [بۇخارى رىۋايىتى 5805–ھەدىس. مۇسلىم 1177–رىۋايىتى].

بۇنىڭغا يەنە ئىنسانىنىڭ جىسمىغا ئۆلچەپ تىكىلگەن ۋە ئادەتتە كىيىدىغان: جۇۋا، يەكتەك چاپان، ئىچ كىيىمى، دوپپا ۋە پايپاق قاتارلىق نەرسىلەرمۇ قېتىلىدۇ.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھ ئېھراملىق ھالەتتە كىيىش چەكلەنگەن كىيىملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىستىن: پۈتۈن بەدەن ياكى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ئۈچۈن پىچىلىپ، ئەندىزە بويىچە تىكىلگەن نەرسىلەردىن بولغان مەقسەت بەدەن شەكلىگە مۇناسىپ تولۇق ياكى يېرىم شەكلىدە

تىكىلگەن ياكى توقۇلغان پۈتۈن كۆينەك، ئاسما كۆينەك، ئۇزۇن ئىشتان، كۇسار ئىشتان، پەلەي ۋە پايپاق قاتارلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ". ["شەيخ ئىبنى باز پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 17-توم 118-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئېھراملىق ھالەتتە قىلىچ ياكى تاپانچا ئېسىۋالسا توغرا بولىدۇ، چۈنكى بۇ لەۋزى ۋە مەنا جەھەتتىنمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەدىستە بايان قىلىنغان چەكلەنگەن نەرسىلەرنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ، بىلىغا كەمەر باغلىۋالسا، دولىسىغا سۇدان ئېسىۋالسا، يېمەكلىك خالتىسى ئېسىۋالسا توغرا بولىدۇ، مۇھىم بولغىنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېھراملىق ھالەتتە چەكلەنگەن نەرسىلەرنى بايان قىلدى، بىز ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى قاتتىق، ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى قاتمىدۇق، شەك قىلغان نەرسىلەرنى بولسا ئەسلىدىكى دۇرۇسلۇق ھالىتىدە قويدۇق". ["شەرھىل مۇمتىئ" 7-توم 152-بەت].

سوئالدا سورالغان كېچىك بالا كۆتۈرىدىغان نەرسە شەيخ بايان قىلغان دولىسىغا سۇدان ئېسىۋالغان ۋە يۈك-تاقا چېكىۋالىدىغان ھالەتكە ئوخشايدۇ.

بەزى ئالىملار: ئېھراملىق كىشى دۈمبىسىدە بىر نەرسە كۆتۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغاندا، مەيدىسىگە بىر نەرسە چىگىۋالىدۇ، بۇ كېچىك بالا كۆتۈرىدىغان نەرسىگە ئوخشايدۇ. ["مەنھۇل جەلىيل شەرھى مۇختەسەر خەلىيل" 2-توم 308-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.